ئابدۇقادىر جۇمەنىڭ ئۇرۇق تۇغقانلىرى ۋە ۋەتەنندە كۆرگەن خورلۇق
،زۇلۇملىرى توغورلۇق بەرگەن گۇۋاھلىقى

UTFW2-068 - Abdukadir Juma

1. مىنىڭ ئىسمىم ئابدۇقادىر جۇمە، قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسىدىن . 2015 -يىلى 12-ئايدا ئائىلەم بىلەن پاسپورت يولى ئارقىلىق تۈركىيەگە كەلدىم. كەلگىلى ئالتە يىل بولدى. ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتىمەن. مەن ھازىر قەشقەر شەھىرىدىكى ئۇرۇق تۇغقانلىرىم ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرمەكچى. ئۇرۇق تۇغقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادرېسى قەشقەر شەھىرى، نەزەرباغ كەنتى، 2-مەھەللىدە. بىز توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.
2. بۇنىڭ ئىچىدە ئاكام مۇھەممەت تۇرسۇن جۇمە، ئۇنىڭ ئايالى تۇرسۇنگۈل ئوبۇلقاسىم . 2016 -يىلى 10 -ئاينىڭ 1-كۈنى تۈركىيەنى زىيارەت ۋە ساياھەت قىلىش مەقسىتىدە بىر ياشلىق قىزىنى ئېلىپ قەشقەر ئايرودۇرۇمىغا كەلگەن ۋاقىتتا، قەشقەر ئايرودۇرۇمىدىكى تەكشۈرۈشتە، `سەن بۇ كىچىك بالىنى ئېلىپ قانداق زىيارەت قىلماقچىسىڭ ؟ `دېگەن بىر سەۋەب بىلەن شۇ كېچىدە ساقچىخانىغا ئېلىپ كېتىلگەن .ئۇنىڭدىن كېيىن يەتتە ئاي تەربىيەلەش ئورنىدا قاماپ قۇيغانلىقىنى ، ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىۋېتىپ ئىككى ئۈچ ئايدىن كېيىن 2017-يىلى ئاكام مەمەتتۇرسۇن جۇمە ۋە ئايالى تۇرسۇنگۈل ئوبۇلقاسىم ئىككىسىنى قايتىدىن تەربىيەلەشكە ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم .ئۇلارنىڭ كېسىلگەنلىكىنى ۋە ياكى تەربىيەلەشتە قالدىمۇ خەۋىرىم يوق.
3. ئۇنىڭدىن باشقا قوشماق ئىككى قېرىندىشىم بار. ئىبراھىم جۇمە ، ئىسمايىل جۇمە. بۇ ئىككىسى ھايات بولسا 29 ياشقا كىرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ كەسپى تېبابەتچىلىك . 2017 -يىلى 4 -ئاي كىرىشى بىلەن خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك لاگېرغا توپلاش سىياسىتىنى يولغا قۇيغان ھەپتىسى، بۇ ئىككى ئىنىمنى تەربىيەلەش لاگېرغا ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. نېمە سەۋەبتىن ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمايمەن. ئەمما پەرەز قىلىشىمچە بۇ ئىككى ئىنىم كىچىكىدە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەنگەن ھەم كومىتېتنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە بىر ئىنىم بىر ئاي شۇ مەھەللە مەسچىتىدە ئىماملىق قىلغانتى. يېشى كىچىك بولسىمۇ كومىتېتنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئىماملىق قىلغان. بۇ خىتايلارنىڭ قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەنگەن ، ئىمام بولغان

ھەممەيلەننى قارا قۇيرۇق لاگېرغا سولىۋالدىغان سىياستى بولغاچقا مەن شۇنداق پەرەز قىلدىم. ئۇلارنىڭ باشقا ھېچقانداق ئىشى يوقتى. ئۆزىنىڭ نورمال ئىشىنى قىلىۋاتقان، 24 ياشتا ئەكىرىپ كەتتى. بەش يىل كىسىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم.

4. 2017 -يىلى كەلگەن قېرىنداشلاردىن ئاڭلاپ خەۋەر ئالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئەھۋالدا بولغىنىنى بىلمەيمەن.

5. ھەدەمنىڭ يولدىشىنىڭ ئىسمى داۋۇتجان جۇمە. ئۇ ئاكىمىزنىڭ يېشى 65 ياشلاردىن ئاشقان. ھازىر ھايات بولسا 70 ياشقا كىرگەن بولىدۇ. بۇ ئاكىمىز بۇرۇن يېشى ئازراق چوڭ بولغاچقا ساقال قويىاتتى. ئۆزى بەك ياۋاش ئادەم. تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى . بۇ ئادەمنىمۇ لاگېرغا ئەكىرىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ساقال قويغان سەۋەبدىن ئەكىرىۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدىم .

6. دېمەك مىنىڭ ئائىلەمدىن بۇ بەش كىشىدىن ئىككسىنىڭ بەش يىل كىسىلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شۇ ۋاقىتتا ، قالغانلىرىنىڭ ھاياتمۇ، كىسۋەتتىمۇ، ياكى جازا لاگېرىدىمۇ ئۇقمايمەن .

7. يەنە بىر پېشقەدەم ئۇستازىم بار ، ئىسمى سۇلايمان توختى. ئاقتۇ ناھيەسىنىڭ پىرال يېزىسى ، دۆندۆر كەنتىدە ياشايتتى.ئۇستازىمىز 92-93 ياشتىكى ياشانغان بىر ئادەم. بۇ ئادەم بۇرۇندىن دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بولغان، كۆپ خىزمەت قىلغان ، ئىماملىق قىلغان ھەم بىر مەزگىل خىتايلارنىڭ ئوقۇغۇچى تەربىيەلەشكە رۇخسەت قىلغان ۋاقىتلاردا ،دىندا ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىگەن .شۇ دادۇينىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. شۇ دادۈيدىكىلەرنىڭمۇ خەۋىرى بار. بەزەن دىنىي تەلىم بەرگەندىن خەۋىرى بولاتتى. ئەمما قارشىلىق كۆرسەتمىگەن. ئەمما بۇ خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك لاگېرغا يېغىۋېلىش سىياستى يولغا قويغاندىن كېيىن ، سۇلايمان توختى ئۇستازىمىزنىڭ يېشىنىڭ چوڭ بولىشى، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقىغا قارىماي 92 يېشىدا بىۋاستە تۈرمىگە ئىلىپ كەتكەنلىكىنى،تۈرمىدە ئىككى ئاي قالغاندىن كىيىن ئۇيەردە ئېغىر قاتتىق زەربىدىن، تاياق توقماق ، قىيىن قىستاق سەۋەبدىن يېرىم ئۆلۈك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ ئۆزى دوختۇرغا ئىلىپ چىقىپ ئۇزۇنغا بارماي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. شۇ ۋاقىتتا ھەم ئائىلىسىدىن 150 كىشىنىڭ جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قامالغانلىقىنى ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ھاياتىنى

ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنى ھەتتا ئۆلۈمگە قەدەر قىيىن قىستاقتا ئالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئۇ ئادەمنىڭ جەمەتىدىن سىرتتا قالغان ھېچ كىشىنىڭ يوقلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. مىنىڭ بىلىدىغىنىم شۇ. بىر ئۇستازىمىزنى 92 يېشىدا خىتايلار تۈرمىگە ئېلىپ قىيىن قىستاق بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

8. قالغان ئۇرۇق تۇغقانلىرىمنىڭ ھاياتتا قالغان ياكى لاگېرغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمايمەن. مىنىڭ 2017 ئالغان خەۋىرىم شۇ. مىنىڭ ھايات بولسا 82 ياشقا كىرىدىغان دادام بار. دادامنىڭ ھاياتمۇ ياكى ۋاپات بولدىمۇ، ياكى خىتايلارنىڭ لاگېرىدىمۇ خەۋىرىم يوق. ئۇنىڭدىن باشقا قېرىنداشلىرىم بار، لېكىن ئالاقەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىمنىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىنى ، كىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. 2016-يىلى 6 -ئايدا ئانام ۋاپات بولدى. پەقەت تۈركىيەگە كەلگەنلىكىمىز سەۋەبلىك قايتىپ بارساق خىتاينىڭ تۈرمىگە سولايدىغانلىق ئەندىشىمىز بىلەن ،ئانامنىڭ ۋاپاتىغا مەن بارالمىدىم، 2016-يىل 6-ئايدا دېمەك خىتايلارنىڭكى بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈتۈن مىللەتلەرگە ، ئۇيغۇر باشتا بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق مىللەتلەرگە مىللەت ئايرىماستىن دىنىي ئېتىقاد ئايرىماستىن قارا قۇيرۇق لاگېرلارغا سولاپ ئۆلتۈرۈپ ،سىرتتا قالغانلارنى ھەر تۈرلۈك ئىشكەنجە بىلەن ئۇلارنى ئەركىن ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان ، تۈرمىدىكىلەرنى ئۆلتۈرگەن قىينىغان ،ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن ساغلام ياشىيالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىدىن بىز خەۋەر تېپىۋاتىمىز . مىنىڭ ئىككى قېرىندىشىم ئۈستىدە يەنە بىر گۇمانىم بار. ئىككى قېرىندىشىم ناھايىتى ساغلام، بەك ياش ،بەك كېلىشكەن باللار، خىتاينىڭ ئورگان ئەتكەسچىلىكى ، قىلمىشى ناھايىتى ئېغىر بولغان پەيتلەر ، مىنىڭ گۇمانىم ئىككى ئىنىمنىڭ ھېچقانداق خاتالىقى بولمىغان ئەھۋالدا ئەكىرىپ كېتىپ بەش يىللىق قاماققا كەستى. ئىككى ئىنىمنىڭ ئورگانلىرىنى سېتىپ يوقاتقان بولۇشى مۇمكىن. مىنىڭ ھەمىشە خىيالىمغا شۇ كېلىپ بەك ئازابلايدۇ. چۈنكى ئورگان تىجارىتى ئۈچۈن خىتايلارغا ئەڭ ساغلام ، قاۋۇل، ياش ئادەم كېرەك. ئورگانلىرى ساغلام ئادەم كېرەك. مىنىڭ ئۇ ئىككى ئىنىم كۈچلۈك، قاۋۇل ، ساغلام، باللار ئىدى. ھەمىشە شۇنى ئويلىسام بۇ خىيال مېنى ئازابلايدۇ.

9. مىنىڭ ۋەتەندىن چىقىشتىكى سەۋەبىم 2010 -يىلى 2012-يىلى ،ئىككى يىل ئارقا -ئارقىدىن مىنىڭ ساقال قويغانلىقىم سەۋەبىدىن ئائىلەمگە قولۇپ

سالدى. `ئەگەر ساقىلىڭنى چۈشۈرمىسەڭ ئائىلەڭنى مۇسادىرە قىلىمىز `دەپ 2010-يىلى ئائىلىدە ياشىنىپ قالغان دادام بار. ئۇنىمۇ سۆرەپ ئەپچىقىۋەتتى تالاغا. `مەن ياشىنىپ قالغان ئادەم ، مەن بولسامۇ قالاي بۇ ئۆيدە `دېسە `ياق ھېچكىم قالمايدۇ `دەپ ئۇششاق باللىرىمدىن تارتىپ ھەممىنى سۆرەپ تالاغا ئەپچىقىۋەتتى. بىز ئىككى كۈن سىرتتا تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە قالدۇق. ئۇ چاغدا مەن ساقالنى چۈشۈرىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ چۈشۈرۈۋەتتىم .چۈشۈرۈپ بولۇپ كومىتېتقا كىرسەم، كومىتېت مۇدىرى ئاچقۇچنى بېرەي دىسە ، يەنە بىرسى سېكرېتارىدىن سوراي دەپ سورىسا پاكىز قىيىپتىمۇ؟ دېدى. ئازراق كىچىك قالغان ، `پاكىز قىيمىغان بولسا قەتئىي بەرمە ئاچقۇچنى`دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە مەن قايتا چۈشۈرۈۋېتەي دەپ ئاچقۇچنى ئەپچىقىپ بەردى. 2010-يىلى بىر قېتىم ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسىدىن بىزنى قوغلىدى.

10. 2012-يىلى يەنە بىر قېتىم ، مەن يەنە ساقال قويغان، `يەنە ساقال قويۇۋاپسەن `دەپ ئۇ قېتىم يەنە قولۇپ سېلىۋالدى . مەن ساقچىخانىنىڭ باشلىقىنى ئىزدىدىم. `نېمە قىلىسىلەر مىنىڭ ساقىلىم ھېچقانداق ئىشقا يۇتلاشمىسا، ئائىلەمدە ياشىغىلى قويمايسىلەر`دېسەم ` بۇ بىزنىڭ يەرلىك سىياسەت ، سەن بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتسەڭ تۈرمىدە ياتىسەن، ئەڭ ياخشىسى سەن چىرايلىق ساقىلىڭنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئائىلەڭگە كىرىۋال بولمىسا ئائىلەڭ مۇسادىرە بولىدۇ ،دېدى. 2012 يىلى قايتىدىن يەنە ساقىلىمنى چۈشۈردىم . (قەشقەر شەھەرلىك نەزەرباغ يېزىلىق ساقچىخانا) شۇ ساقچىخانىدا بىر ساقچىغا دېگەنتىم مەن .ئىسمىنى ھازىر تازا ئېنىق ئېسىمگە ئالالمايمەن. ئۇنىڭ ئالاقىسى بار ئىدى. `مەن ھازىر ئېچىپ بەرسەم، يەنە شەھەردىن كېلىپ قولۇپ سالىدۇ. يەنە قارشىلىق كۆرسەتسەڭ يەنە تۈرمىگە سالىدۇ. سېنىڭ ساقىلىڭنى چۈشۈرۈپ ئۆيۈڭدە ياشىغىنىڭ ياخشى.`دېدى. يىغلاپ سالدىم ئۇ يەردە. قايتا ساقىلىمنى ئېلىۋەتتىم .2012-يىلى يەنە شۇ يىلى ساقىلىم بىرئاز ئۆسكەن. مەن پاسپورت بېجىرگىلى شەھەرلىك خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ پاسپورت بېجىرىدىغان ئىشخانىسىغا كىردىم. كىرسەم ئۇ بۆلۈمنىڭ باشلىقى خىتاي، ئىشكىدىن كىرىپلا `نېمە دەپ كەلدىڭلار ؟كىرمە` دەيدۇ ئىشخانىغا. `نېمە دەپ كىرمەيمەن؟`دېسەم`نېمە دەپ كەلدىڭ؟ نېمە دەپ كىرسەن؟`دەيدۇ. `نېمە دەپ كىرمەيمەن ؟ `دېسەم، `سەندەك ساقىلى بار ئادەمنى

كىرگۈزمەيمىز ئىشخانىغا`دەيدۇ. تۇردۇم مەن شۇ يەردە. چىقىپ كەتكىلى ئۇنىماي تۇرسام، `نېمە ئىشىڭ بار؟`دەيدۇ . `پاسپورت بىجىرمەن `دېسەم، `سەندەك ئاخۇننىڭ خىتايچە سەندەكلەرنىڭ كېلىدىغان ئىشخانىسى ئەمەس بۇ.`دېدى. `مەن نەگە بارىمەن ؟`دېدىم. سەندەك ئادەمگە بىز پاسپورت بىجىرمەيمىز ، `ساقىلىم بار ئىدى.`ئۇنداق بولسا بېجىرىدىغان يەرنى تېپىپ بەر`دەپ چىقماي تۇرۇۋالدىم . مەن تۇرۇۋالسام ئۇ يەردە يەنە بىر تونۇش خىتاي بار ئىدى.مېنى باشلاپ كىرگەن .ئاندىن ئۇ بىرئاز تۇرۇپ تۇرغىن دېدى. بىر ئاز تۇرۇپ تۇرغاندىن كيىن ئاندىن ئۇ ئىشنى تولگەتكەندىن كيىن `نېمىش قىلاتتىنىڭ سەن ` دېدى. `مەن تىجارەتچى ، تىجارەت قىلاتتىم دېسەم . سەن ساقىلىڭنى چۈشۈرسە`دېدى. ساقىلىڭنى چۈشۈرسەڭ بېجىرىپ بىرىمەن. بولمىسا بېجىرىپ بەرمەيمەن . سەندەك ساقىلى بار ئادەمگە بىز پاسپورت بېجىرمەيمىز `دېدى. `هە ماقۇل` دەپ چىقىپ ساقىلىمنى چۈشۈردىم . دېمەك مىنىڭ ئىككى قېتىم ئائىلەمگە قولۇپ سىلىنىپ ،ساقىلىمنى چۈشۈرگىلى سالدى. بىر قېتىم پاسپورت بېجىرىش جەرياندا ساقىلىمنى چۈشۈرگىلى سالدى. بۇ جەرياندا خىتايلارنىڭ رەزىل نىيەتلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئىشىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدۇق. ۋەتەندە بىزنىڭ ياشاش ئىمكانىمىزنىڭ قالمىغانلىقىنى هېس قىلدۇق.

11. شۇ مەزگىلدە 2009 -يىلى ئايالىم ئېغىر ئاياق بولدى. قوش كىزەكتى. بىر كۈنى قاتتىق قورسىقى ئاغرىپ كەتتى. دوختۇرغا ئىلىپ چىقتۇق. (كېرەمباغ دوختۇرخانىسى ،قەشقەر شەھەرلىك 1-دوختۇرخانا) `ئانىنىڭ قورسىقىدا سۇ يىغىلىپ قاپتۇ،بالا ئۇ سۇدىن زەهەرلىنىپ قاپتۇ `دېگەن گەپنى قىلىپ ئېلىۋاتىمىز دېدى. `ياق، بۇ ئالتە ئايلىق بولغان بالىنى ئالمايمىز` دەپ مەن قارشىلىق كۆرسەتتىم.`بىر قاراپ كۆزىتىپ باقايلى`دەپ مەن ئىشىمنى قىپتىمەن ، ئارىلىقتا ئايالىمغا ئوكۇل ئۇرۇۋېتىپتۇ . سۆڭگەچتىن يىلىككە، قورساقتىنمۇ ئۇرۇپتۇ ئوكۇلنى. شۇنداق قىلىپ بالىنى تۇنجۇقتۇرۋېتىپتۇ. `بالىنى ئېلىۋەتمىسەڭ بولمايدۇ، تۇنجۇقۇپ قاپتۇ`دېدى. سىرۋىشتىرسەم ئوكۇلنى ئۇرۇپ بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇيەردە ئۇنىمىزنى چىقارمىدۇق. دوختۇر بىلەن تارتىشتۇق. ئۇ يەردە ئايالار بولغاندىن كيىن ئۇلارغا قول قويدۇرۋاپتۇ. خىتايچە بىلمەيدۇ ، ئوقۇشنى بىلمەيدۇ. ئوقۇشنى بىلمىگەندىن كيىن قول قويدۇرۇپلا ئوكۇلنى

ئۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئالتە ئايلىق بولغان قوشماق قىزىمنى خىتايلار  دوختۇرخانىدا ئاشۇنداق ئالدۇرۋەتتى.

12. شۇنىڭ بىلەن 2015 -يىلى 8-ئايدا كومىتېت ھەر بىر ئائىلىگە جەدۋەل تولدۇرغىلى كىردى. ئۇرغۇن سوئال سورىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر سوئال بار .مىنى ناھايىتى ۋەھىمىگە سالغان بىر سوئال. `ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە پارتىيە ھۆكۈمەت سىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايسەن دېسە ، سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن ؟` دەپ سوئال سورىدى. ئۇ يەرگە سەن كۆز قارشىڭنى ياز دەيدۇ. `سەن بۇنى قوبۇل قىلامسەن ياكى قارشى تۇرامسەن دەيدۇ،مەن  ئۇ يەردە قارشى تۇرىمەن دېسەم شۇ  ھامان مېنى ئالىدۇ ياكى چېكىت قۇيىدۇ. مېنى ئارقىسىدىن ئالىدۇ. ياق قوبۇل قىلىمەن دېسەم، مىنىڭ ئىمانىمغا خىلاپ ، مەن بىر مۇسۇلمان. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم. يېنىمدا بىر خىتاي بار`تىز بول ، بىزنىڭ ۋاقتىمىز يوق ،جاۋاب بەر` دەيدۇ. مەن شۇنداق دېدىم.` پارتىيەنىڭ سىياسىتىدە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى دەپ قانۇن بار. مېنىڭچە پارتىيە بىر ئادەمنى بۇنداق ئىشقا مەجبۇرلىمايدۇ. `دەپلا قۇتۇلدۇم. مەن شۇنداق دېگەندىن كىيىن سېكرىتار بىلەن خىتاي بىر بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بولدى دەپلا مېنى ئۇ كاتەككە خەت يازغۇزمىدى. باشقا يەرگە خەت يېزىپ بەردىم ، شۇ يەرنى بوش قۇيدۇم. مەندىن چىقىپ كەتتى. دېمەك ھەر بىر ئائىلىدىن شۇلارنى سوراپ شۇ يەردە خەقنىڭ ئىدىيەسىنى بىلمەكچى ۋە ئۇنىڭغىمۇ چېكىت قۇيماقچى. خىتايىنىڭ كىيىنكى سىياسىتىنى ئاشكارىلىشى مەن شۇنداق چۈشەندىم. چىققاندىن كىيىن مەن ئائىلەمگە دېدىم. ئۆزىمىزنىڭ كىچىك ئائىلىمىزگە. مەندىن ئاجايىپ بىر سوئال سورىدى.  مۇشۇنىڭغا قارىغاندا خىتاي پات پۇرسەتتە، بىزگە بېسىم بىلەن دىنىمىزدىن چەكلەيدىغان، دىنىمىزگە خىلاپ ئىشلارنى قىلدۇرىدىغان سىياسەت يولغا قۇيۇشى مۇمكىن ، بىزنىڭ تۇرىدىغان ھېچقانداق بىر ياشايدىغان ئىمانىمىز قالماپتۇ دەپ شۇنىڭدىن باشلاپ ۋەتەندىن چىقىشقا تىرىشتىم . باللىرىمغا پاسپورت بېجىردىم . پاسپورت بىلەن چىقىۋالدىم. خىتايىنىڭ مەيلى دىنىي جەھەتتىن مىللەتنى دىنسىزلاشتۇرۇش سىياستى بولسۇن، مەيلى جىسمانىي جەھەتتىن ئىنسانلارنى شۇ يەردىكى كىشىلەرنى يوق قىلىش مەقسىتى بولسۇن، خىتايىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان پىلانلاۋاتقان بىر پىلانى، شەخسەن مەن ھېس قىلدىم،ھېس قىلغان بولغاچقا ھەرىكەت قىلىپ چىقىۋالدىم.

مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.

ئىمزا:

ۋاقت: